# 21710 - روزىنىڭ قازاسىنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا

## سوئال

بىر يىلى رامىزاندا ئايلىق ئادىتىم سەۋەبىدىن بىرنەچچە كۈن پەرز روزىنى تۇتالمىدىم، مەن ھازىرغىچە ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتالمىدىم، ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، مەن قالغان روزامنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىشنى خالايمەن، لېكىن نەچچە كۈنلۈك روزام بارلىقىنى بىلمەيمەن، قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز ئۈچۈن بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار:

بىرىنچى: روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش، سەل قاراپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتقانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلىش، بۇ ئىشنى قايتا تەكرار قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىش، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ تەرجىمىسى: **«ئى مۆمىنلەر نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار.»** [سۈرە نۇر 31-ئايەت].

روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرۈش ئاسىيلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئىككىنچى: قالغان روزىنى ئۆزىڭىزنىڭ گۇمانى بويىچە ھېسابلاش كېرەك، ئاللاھ تائالا ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇتالمىغان روزىڭىزنىڭ قازاسىنى قىلىشنى مەقسەت قىلسىز، ئون كۈنلۈك روزام قالدى دەپ ئويلىسىڭىز ئون كۈن تۇتۇڭ، ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياكى كۆپرەك قالدى دەپ ئويلىسىڭىز شۇ بويىچە تۇتۇڭ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ تەرجىمىسى: **«ئاللاھ تائالا ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ.»** [سۈرە بەقەرە سۈرىسى 286-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ تەرجىمىسى: **«كۈچىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھدىن قورقۇڭلار.»** [سۈرە تەغابۇن 16-ئايەت].

ئۈچىنچى: ئەگەر كۈچىڭىز يەتسە قادىر بولالىسىڭىز ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىڭ، ئەگەر ھەممىنى بىر مىسكىنگە بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادى ئەھۋالىڭىز تۆۋەن بولۇپ بۇنىڭغا قادىر بولالمىسىڭىز سىز ئۈچۈن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشتىن باشقا ئىش يوق.

ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىك ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتتىكى نورمال يېمەكلىكتىن بىر يېرىم ياكى ئىككى كىلو ئەتراپىدا بىر نەرسە بەرسە بولىدۇ.